# ئىسلامدا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ ھۆكمى

## حكم الإسلام في الدفاع عن النفس

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئابدۇللاھ خۇدەير

فضيلة الشيخ عبد الكريم بن عبد الله الخضير

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

# ئىسلامدا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ ھۆكمى

21932-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئىسلامنىڭ قارىشى قانداق؟ ئۇ ھەق-ھوقۇق دائىرىسىگە كىرەمدۇ؟ بۇنىڭ مەلۇم شەرتلىرى بارمۇ؟ قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش توغرىسىدا ئايەت بايان قىلىنغانمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئۆزىنى، يۈز-ئابرۇيىنى، ئەقلىنى، مال-مۈلكىنى ۋە دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن زۆرۈر ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىدا تونۇشلۇق بولغان بەش مۇھىم نەرسىنى مۇھاپىزەت قىلىشتۇر. ئىنسان ئۈچۈن ئۆز نەپسىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، نەپسىنى زىيانغا ئۇچرىتىش توغرا بولمىغاندەك، باشقىلارنىڭمۇ نەپسىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش توغرا بولمايدۇ. ئەگەر باشقا بىرسى ياكى يىرتقۇچ ھايۋان ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلسا ئۆزىنى ياكى ئائىلىسىنى ياكى مال-مۈلكىنى قوغداش زۆرۈر بولىدۇ. ئەگەر بۇ يولدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ كىشى شېھىت ھېسابلىنىدۇ. قارشى تەرەپ يەنى قاتىل (ئۆلتۈرگۈچى) دوزاختا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ زۇلۇمغا ئاساسەن كېلىپ چىقىدىغان زىيان ئازراق بولسا، ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن تەرك قىلسا، بۇ ئىش ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا بولىدىغان زۇلۇمنى ئاشۇرىۋەتمىسە، چوقۇم ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر نەرسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com